# 1120 - جازانە قىلىش توغرىسىدا

## سوئال

جازانە قىلىش ئومۇملاشقان غەيرىي ئىسلامىي مەملىكەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشى توغرا بولامدۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

جازانىنىڭ هاراملىقىنى جاكارلىغان شەرىئەت دەلىللىرىنىڭ ئومۇملىقىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قانداقلا بىر ۋەزىيەتتە بولمىسۇن، ھەتتا جازانە ئۇستىگە قۇرۇلغان بىر جەمئىيەتتە بولسىمۇ جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشى قەتئىي جائىز ئەمەس. بەلكى كۈچىنىڭ يېتىشىچە بۇ خىل هارام مۇئامىلىنى يوق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. ئەگەر ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، جازانىنىڭ تۇمانلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنداق جەمئىيەتتىن يۆتكىلىپ كېتىشى لازىم.
- سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمىي تەتقىقات ۋە پەتىۋا دائىمىي كومىتېتى 13194